# شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغدايمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

مەن قەشقەردىكى بىر ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، مەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل تۇپراقنى چوڭقۇر سۆيىمەن. 50 يىلغا يېقىن خىزمەت قىلىش جەريانىدا مەن شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم، مەن شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، باشتىن كەچۈرگۈچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى؛ 2018 - يىلى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەننى بۆسۈپ ئۆتتى، مال باھاسى ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1952 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 200 ھەسسە ئېشىپ، شەھەر - بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم - ئايرىم 32 مىڭ 764 يۈەن، 11 مىڭ 975 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، پەقەت 2014 - يىلدىن بۇيان 3 مىليونغا يېقىن نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 2010 - يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، جەمئىي 103 مىليارد 500 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى سالدى، بۇنىڭ 80%تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرەلەيدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان، نۇرغۇن بىگۇناھ ئامما قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى ماڭا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق تونۇتتى. جىددىي، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ پائال تۆھپە قوشتى، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى. پەقەت بۇ يىلدىن بۇيان، مەيلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قاراپ چىقىشى بولسۇن ياكى نەچچە ئون دۆلەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي خاس خادىمىغا بىرلىشىپ خەت ئەۋەتىشى بولسۇن، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپ قېتىم ئالقىشلاپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شىنجاڭدا قوللانغان تەدبىرلىرىنى قوللىدى.

تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ئامېرىكىمۇ تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ تەجرىبە - ساۋىقىغا ئۇزاق بولمىدى، لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار يارا ساقىيىپ ئاغرىقنى ئۇنتۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە داۋاملىق قوش ئۆلچەم قوللاندى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى جۇڭگوغا كېلىپ كۆرۈپ باقمىغان، شىنجاڭغا تېخىمۇ كېلىپ باقمىغان، ئۇلار 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىگە تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان بولساق، كىشىلىك ھوقۇق، ئىرق، دىن قاتارلىق مەسىلىلەردە رەزىللىككە تولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، ئەكسىچە ھەممىلا يەردە قوتراتقۇلۇق قىلىپ، ئاپەت پەيدا قىلدى، بۇنىڭدىكى تۈپ مەقسەت ھەرگىزمۇ قانداقتۇر «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «دېموكراتىيە» ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش بولۇپ، بۇ رەزىل نىيىتىنىڭ چاۋىسى چىقتا يېيىلدى، بۇ سۈيقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. شىنجاڭنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، بىز بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرىشىمىز، ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۈيقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

# جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيقەست ئاخىرقى ھېسابتا بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى كۆڭلىدە يامانلىق ساقلىغانلىق، رەزىللىكتە چېكىگە يەتكەنلىك دېيىشكە بولىدۇ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا كۆز يۇمغان بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ئىنتايىن زور ئازار بەردى ھەم زوراۋان - تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل.

شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق دۆلەت ۋە تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەر قانۇنىي ئاساسقا ئىگە، خەلق رايىغا ئۇيغۇن، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك. شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى، جۈملىدىن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋانلىق، ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ كونكرېت قەدەم - باسقۇچى ۋە كونكرېت ئىپادىسى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنىڭ يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ پائال تۆھپە قوشتى. خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى. بۇلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە قوزغىغان تېپىشى پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، پەقەت 2014 - يىلدىن بۇيان 3 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2018 - يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، ساياھەتچىلىكتە شىددەت بىلەن ئېشىش كۆرۈلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر شىنجاڭدىكى دېھقانلار يەر تېرىسا، ئاشلىق تېرىسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ئۆي سالسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، تېرىلغۇ يەر شارائىتىنى ياخشىلىسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، پۈتۈن شىنجاڭدا توققۇز يىللىق ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئۇدۇل مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش، كېسەل كۆرسىتىش داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار بولۇش قاتارلىقلار ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق - رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، «مۇقىملىق — بەخت، مالىمانچىلىق — ئاپەت» دېگەن ئورتاق تونۇش كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق يالغان - ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۈيقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ.

يالغان - ياۋىداق سۆزلەر مەڭگۈ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوققا چىقىرالمايدۇ، جۇڭگو شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيقەست جوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

50 يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان، 61 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە پېنسىيەگە چىققان بىر پېشقەدەم كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارشى تۇرىمەن، ئۆزۈمۈ ئۆلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆلگە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياخشى قوغدايمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2019 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە يېڭى قەدەم تاشلاپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ۋە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار بۇ يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىل رەتلەپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كەم - كوتىسىز ياخشى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەلىي نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلققە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پىلانلىق بولۇشنى كۈچەيتىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش ۋە مۇھىم، زور ئىشلاردا تەدبىر بەلگىلەش قاتارلىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەتقىق قىلىپ، ياخشى پىلانلاش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار(لايىھە) قاراپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 9 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق كېڭەشمە پىلانى(لايىھە) قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭ ئىناق، گۈزەل ياخشى جاي

□ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر گۈلى ئابلىم

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن كۈچلۈك غەزەپلەنگەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ھەممىگە ئايانكى، تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 2016 - يىلىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىيزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالدى. قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا سىستېمىلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىيزم پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراقنى يوقىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت. جۇڭگو شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا پائال تۆھپە قوشۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ زادى قانداقلىقىدا بۇ يەردە ياشاۋاتقان بىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە! پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ بارغانسېرى بىخەتەر بولۇۋاتىدۇ، بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتىدۇ، بارغانسېرى ھاياتىي كۈچكە تولۇۋاتىدۇ؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشمۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ئىدارىلەردە، مەكتەپلەردە كۆپچىلىك ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ؛ شەھەرلەردە، يېزا - كەنتلەردە، كادىرلار، ئامما ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىۋاتىدۇ؛ ئاساسىي قاتلامدا، مەھەللىلەردە، ھەر مىللەت ئاھالىلەر ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈۋاتىدۇ... بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يۆگىمە رەسىمى تيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىدا ئاستا - ئاستا يېيىلدى.

مەن پارتىيە كۆپ يىل تەربىيىلىگەن بىر ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر، مەن پۈتۈن دۇنياغا شۇنى ئېيتىمەنكى: شىنجاڭ ئىناق، گۈزەل ياخشى جاي! تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، بىر رايوننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «بارومېتىر» بولغان ساياھەتچىلىكتىمۇ «شىددەتلىك» تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى يۈزلىنىش كۆرۈلدى، ساياھەتتە كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى ۋە ئىستېمالدا ئۇدا ئۈچ يىل 30% — 40%لىك ئېشىش سۈرئىتى ساقلاندى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا چېگرا ئىچى - سىرتىدىن شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچى سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، نەچچە مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كىرىمنىڭ ئېشىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئارقىلىق كىشىلەرگە نامايان قىلغىنى شىنجاڭنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى، مول، رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيىتى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپىتى بولدى.

«بۈگۈنكى باش خەۋەر»دە شاڭخەيلىك بىر ساياھەت دارىنى بار، ئۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن، ھەر قېتىملىق سەپىردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي ساياھەت خاتىرىسى قىلىپ يازغان، ئۇ سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ئىناق، مۇقىم شىنجاڭنى، ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان شىنجاڭنى، مۇلازىمەت، كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان شىنجاڭنى خاتىرىلىگەن. ساياھەتچىلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى، تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، ئۇ يەنە تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشىگە تۈرتكە بولدى. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى 24 ياشلىق قۇربانخان مەتروزى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا، «قۇملۇق قاراۋۇلى» ساياھەت كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇرۇپ، ئۆزگىچە ياتاق - تاماق بەرپا قىلىش ئارقىلىق يۇرتداشلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىر ئايدا 1000دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى، تىجارەت سوممىسى 200 مىڭ يۈەننى بۆسۈپ ئۆتتى، ئىلگىرىكى قۇملۇقتىكى قالاق، نامرات كەنت ساياھەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىغا مېڭىۋاتىدۇ. بۇنداق مىساللار شىنجاڭدا سان - ساناقسىز.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق ئىغۋا توقۇش، بوھتان چاپلاش ۋە تۆھمەت قىلىشىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدەك رېئاللىقنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش مۇساپىسىگە تېخىمۇ كاشىلا قىلالمايدۇ.